
www.xjprgfan.com
ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى تور ژورنىلى
UYGHUR COMPUTER CLUB
2007
5
Photoshop CS3 تارقىتىلدى
Windows ھەققىدە رىۋايەت (1)
百度 ھېسابلىغۇچىسىنى ئىشلىتىش
تور كارتىسىنىڭ Mac ئادرېسىنى ئۆزگەرتىش
شىنجاڭ پروگراممىچىلار ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى
www.Uyghurcfan.com
تەھرىر : سەزگۈر
www.Bilish.com
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : مەردان

# مۇندەرىجە


## ☆ كومپيۇتېر خەۋەرلىرى ☆

Microsoft كېيىنكى بىر ئەۋلاد مەشغۇلات سىستېمىسى — Vienna..................مەردان 3
R600 تىپلىق كۆرسىتىش كارتىسى ئېلان قىلىندى...............................نەۋشاد 4
Photoshop CS3 تارقىتىلدى........................................... 4

## ☆ يۇمشاق دېتال سالونى ☆

مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا ياساش ۋە ئىشلىتىش ......................... مەردان 5
Microsoft Office تىكى بىر نەچچە ئەپچىل چارىلەر........................... مەردان 7

## ☆ ئۈنىگدىن-بۈنىگدىن ☆

Windows ھەققىدە رىۋايەت (1)........................................ 9

## ☆ كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىن تەجرىبىلەر ☆

يانفون ساقلاش كارتىسىنى فورماتلىغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار..............نەۋشاد 24
تور كارتىسىنىڭ MAC ئادرېسىنى ئۆزگەرتىش...................................نەۋشاد 26

## ☆ «بىلىش» تىن سوئال-جاۋابلار ☆

«بىلىش» سىستېمىسىدىكى نادىر ھەل بولغان سوئال-جاۋابلار.............................بىلىش 29

## ☆ تور بىلىملىرى ☆

Google نىڭ باشقىچە ئىشتىدارلىرىدىنمۇ پايدىلىنىپ كۆرۈڭ.........................نەۋشاد 31
Wallop ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە...................................ئۇيغۇر خاككېر 33
百度 ھېسابلىغۇچىسىدىن پايدىلىنىش ...................................... مەردان 34

## ☆ بىخەتەرلىك بىلىملىرى ☆

توردىكى ۋىرۇسلاردىن 100% مۇداپىئەلىنىش................................مايور 36


ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

# كومپيۇتېر خەۋەرلىرى

## Microsoft نىڭ كېيىنكى بىر ئەۋلاد مەشغۇلات سىستېمىسى توغرىسىدا

**تەييارلىغۇچى:مەردان**

7 Windows دېگەن بۇ نامنى ئېھتىمال ئىنتايىن ئاز ئادەم ئاڭلاپ باققان بولۇشى مۇمكىن. Vista Windows مىكروسوفتنىڭ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىقىپ، ئىستېمالچىلار ئاللىقاچان تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن ۋاقىتتا، Microsoft ئېھتىمال ئاللىقاچان تۈيدۈرماي بۇ مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتتى. ناھايىتى بۇرۇنقى Microsoft_watch.com نىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا Windows Vista دىن كېيىنكى بىر دەۋر مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ نامى فىجى "Fiji" (斐济)دىن ۋېينا "Vienna" (维也纳) غا ئۆزگەرتىلگەن، لېكىن ئەڭ يېڭى خەۋەردىن قارىغاندا، Vista دىن كېيىنكى مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ نامى "Windows 7" بولۇپ ئۆزگەرتىلىدىكەن.

بۇ Microsoft نىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسىغا سىستېمىلىق نام بېرىشتىكى يېڭى ئۇسۇلى بولماستىن،بەلكى ئەنئەنىگە قايتىپ بىۋاستە Windows نىڭ ئىچكى يادرو نەشرى نۇسخا نومۇرىنى قوللانغانلىق. Vista نىڭ يادرو نەشرى نۇسخا نومۇرى 6.0،شۇڭا كېيىنكى ئەۋلاد مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ Windows 7 دەپ ئاتىلىشىمۇ تەبىئىيلا بولىدۇ.

1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بىل گەيتس يېڭى مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ لايىھىلىنىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئالدى. 7 Windows تېخىمۇ مودۇللاشتۇرۇلغان، تېخىمۇ ئىقتىدارلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كېيىنكى بىر دەۋردىكى Windows تېخىمۇ ئىلغار، مۇلازىمەت تەمىنلەش ئىقتىدارى تېخىمۇ يېڭىلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت ئىككى يىلدىن تۆت يىلغىچە كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ Vista غا بولغان دىققىتىنى يۆتكىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن Microsoft كېيىنكى بىر دەۋر Windows قا بولغان نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىمايلا قالماستىن، يەنە بىر تەرەپتىن قايتا تەشكىللەنگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان Windows دائىرىلىرىمۇ يېڭىباشتىن تەڭشىلىشكە يۈزلەنمەكتە. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز يېڭى مەشغۇلات سىستېمىسى ئىمكانقەدەر تېخىمۇ ياخشى ئىستېمالچىلارنى مەركەز قىلغان ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز،شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلاد مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ ياخشى قوللىشى ۋە مىكروسوفت تەرىپىدىن بىۋاستە ئۆزگەرتىلگەن نەشرىنىڭ چىقىشىغىمۇ تىلەكداشمىز ھەمدە شۇنداق بولۇشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

# R600تېپلىق كۆرستىش كارتىسى ئېلان قىلىندى

## تەييارلىغۇچى:نەۋشاد (Omar14)

4-ئاينىڭ 24-كۈنى، AMD شىركىتى يېڭى ئەۋلاد گرافىك ئۆزىكى R6XX نى بازارغا سالدى،تەخمىنەن 400~600دانە Radeon×2900 تېپلىق كۆرستىش كارتىسى بازارغا سېلىندى.




بۇنىڭدا يەنە يېڭى نېگىزنى ئاساس قىلغان يېڭى تېپتىكى ئاقما بىر تەرەپ قىلغۇچ تېزلىتىش كارتىسمۇ بار ،بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىختىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق GPU نىڭ ئېلان قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .AMD نىڭ بۇ يېڭى مەھسۇلاتى ئىككى كۈن ئىچىدىلا بازارنى قاپلاپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

# Photoshop CS3 تارقىتىلدى

## تەييارلىغۇچى:نەۋشاد (Omar14)

Adobe شىركىتى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى بىر يۈرۈش رەسىم بىر تەرەپ قىلىش دېتالى Creative Suit3 مەھسۇلاتىنى بازارغا سالدى. بۇ قېتىمقى CS3 نىڭ تارقىتىلىشى Adobe شىركىتىنىڭ تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىقى ھېسابلىنىدۇ .

CS3 مەھسۇلاتلىرىنىڭ 6 دانە ئوخشىمايدىغان نەشرى بولۇپ،جەمئىي 17 تۈرلۈك لاھىيەلەشتە ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.تۇنجى قېتىم Macromedia «تور دىكى 3 قىلىچۋاز» مەھسۇلاتىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئۆلچەملىك نۇسخىسى ۋە 3D ئىقتىدارىنى قوللايدىغان Extended نۇسخىسى تارقىتىلغان.




# يۇمشاق دېتال سالونى

## مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا ياساش ۋە ئىشلىتىش

تەييارلىغۇچى:مەردان

### بىرىنچى، مەۋھۇم نۇر دىسكا ياساش

ئالدى بىلەن يۇمشاق دېتالنى كومپيۇتېرغا قاچىلساق ئۈستەل يۈزىدە سول تەرەپتىكىدەك قوزغىتىش بەلگىسى كۆرۈنىدۇ. بىز ئالدى بىلەن بىز ئېھتىياجلىق نۇر دىسكىنى قوزغاتقۇچقا سېلىپ، نۇر بەلگىنى قوزغاتقۇچنىڭ ئۈستىگە توغرىلاپ مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى چېكىپ، مەۋھۇم دىسكا قوزغاتقۇچ [压制虚拟光驱] تۈرىدىكى مەۋھۇم دىسكا [虚拟光驱] نى چەكسەك تۆۋەندىكىدەك كۆرۈنمە يۈز ئېچىلىدۇ. كېيىنكى قەدەم [下一步] كۇنۇپكىسىنى چەكسەك، مەۋھۇم دسكا ھۆججەت يولى

كۆرۈندۇ. [虚拟光驱文件路径]




ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن يولنى بەلگىلەپ، ئۈچ قېتىم كېيىنكى قەدەم كونۇپكىسىنى چەكسەك (ئەلۋەتتە سىز ئۈچىنچى قېتىملىق كېيىنكى قەدەم كونۇپكىسىنى بېسىشتىن بۇرۇن مەخپىي نومۇر كىرگۈزسىڭىز بولىدۇ) يۇمشاق دېتال ھەقىقىي نۇر دېسكىنى مەۋھۇم نۇر دېسكىغا ئايلاندۇرۇشقا باشلايدۇ. ھەقىقىي نۇر دېسكىنىڭ سىغىمى بىلەن مەۋھۇم نۇر دېسكىنىڭ سىغىمى ئوخشايدۇ.




## ئىككىنچى، مەۋھۇم نۇر دېسكىنى ئىشلىتىش

ئۆزىمىز تەييارلىۋالغان ھۆججەت ساقلانغان ھۆججەت قىسقۇچقا كىرىپ، نۇر بەلگىنى مەۋھۇم ئوپتىك دىسكىنىڭ ئۆستىگە ئەكىلىپ كىرگۈزۈش [插入] تىزىملىكىدىكى مەۋھۇم ئوپتىك دېسكا تۈرىنى چەكسەك مەۋھۇم ئوپتىك دېسكا بىز تەييارلىۋالغان مەۋھۇم ئوپتىك دېسكا قوزغاتقۇچقا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرىدۇ.




مەۋھۇم ئوپتىك دېسكىنى ئوخشاشلا ھەقىقىي ئوپتىك دىسكىغا ئوخشاش قوش چەكسىڭىز قويۇلىدۇ.
ئارتۇقچىلىقى: سىز بۇ يۇمشاق دېتال بىلەن ھەرقانداق كۆچۈرگىلى بولمايدىغان، ھەتتا ئوپتىك دېسكا

ئويغۇچ بىلەن ئويغىلى بولمايدىغان دىسكىلارنى مەۋھۇم دىسكا ھالىتىدە قاتتىق دىسكىڭىزدا ساقلاپ قالالايسىز. سىز بۇ ئۇسۇل بىلەن يەنە كومپيۇتېرىڭىزنىڭ قوزغاتقۇچ دىسكىسىنى مەۋھۇم دىسكا ھالىتىدە ساقلاپ قالسىڭىز بولىدۇ.

يېتەرسىزلىكى: تەييارلىغان مەۋھۇم ئوپتىك دىسكىنى چوقۇم مەۋھۇم ئوپتىك دىسكا ياساشتا ئىشلەتكەن يۇمشاق دېتال بىلەن ئاچىسىز.

# Office نىڭ بىرنەچچە ئەپچىل چارىلەر

**تەييارلىغۇچى:** مەردان

1. سىز Word تا ماقالىڭىزنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن قورال ستونىدىكى قورال [工具] تىزىملىكىدىن تۆۋ تاللانمىسى [选项] نى باسسىڭىز تۆۋەندىكىدەك دىئالوگ رامكىسى چىقىدۇ.




چىققان بۇ دىئالوگ رامكىسىدا ساقلاش [保存] كونۇپكىسىنى چەكسىڭىز تۆۋەندىكىدەك ھالەتكە ئۆتىدۇ.




بۇ كـۆزنەكتىكى TrueType خەت نۇسخىسىنى قىستۇرۇش [嵌入 TrueType 字体] تۈرىنىڭ ئالدىغا توغرا بەلگىسى قويۇۋەتسىڭىز، سىز ئىشلەتكەن خەت نۇسخىسى Word ھۆججىتىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن باش تىزىملىكتىكى  بەلگىسىنى بېسىپ ساقلىغاندىن كېيىن ماقالىڭىزنى ساقلىغان ئورۇندىن ماقالىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىڭىز سىغىمىنىڭ خېلىلا چوڭىيىپ قالغانلىقىنى بايقايسىز. دېمەك ئۇيغۇرچە ماقالىلارنى باسقاندا بۇ ئۇسۇلنى ئىشلەتسىڭىز ئۇيغۇرچە ماقالىلىرىنى باشقا كومپيۇتېرلاردا تونۇماسلىق، بېسىپ چىقارغىلى بولماسلىق قاتارلىق ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلالايسىز.

2. باشلاش تىزىملىكىدىن ئىجرا قىلىش [运行] كۆزنىكىگە خەت نۇسخىسى [fonts] دېگەن بۇيرۇقنى يازسىڭىز Windows تىكى بارلىق خەت نۇسخىسىنى كۆرەلەيسىز. ئۆزىڭىز خەت يېزىشتا ئىشلەتكەن خەت نۇسخىسىنى ماقالىڭىز ساقلانغان ھۆججەت قىسقۇچقا تارتىپ ئەكىرىپ، كېيىن شۇ Word ھۆججىتىڭىزنى نەدىلا ئاچسىڭىز خەت نۇسخىسى توغرا كۆرۈنۈۋېرىدۇ. دېمەك بۇ ئۇسۇل ئارقىلىقمۇ ئۈستىدىكى ئۈنۈمگە ئوخشاش ئېرىشەلەيسىز. (تارتىپ چىقىرىۋالغان خەت نۇسخىسىنى ئەسلى ئورنىغا بىر نۇسخا قالدۇرۇپ قويۇشنى ئۇنۇتماڭ)




3. Word تا خەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز ئۆزگەرتمەكچى بولغان قۇرنى تاللىۋېلىپ، 

كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، 

كونۇپكىلىرىدىن خالىغان بىرىنى بېسىپ تۇرسىڭىز خەت نومۇرى ماس ھالدا چوڭىيىدۇ ياكى كىچىكلەيدۇ.

# ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن

## Windows ھەققىدە رىۋايەت

50 ياشلىق Bill Gates دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەم، 30 ياشلىق Microsoft دۇنيادىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق يۇمشاق دېتال شىركىتى، 20 ياشلىق Windows دۇنيادىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان مەشغۇلات سىستېمىسى. ئۇلارنىڭ ھېكايىسى ئۆزۈندىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان تېپىك تېما بولۇپ كەلمەكتە.

### مۇقەددىمە

ھېكايىمىزنى 1973 ـ يىلدىن باشلايمىز. Seattle دىن كەلگەن 18 ياشلىق بالا Bill Gates ئۆزى ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن Harvard ئۇنۋېرسىتېتىغا ئەلا نەتىجە بىلەن كىردى.ماتېماتىكا ۋە كومپيۇتېرغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان Bill Gates شۇ يەردە يۇمشاق دېتال تېخنىكىسىغا بولغان ئىزدىنىشنى باشلايدۇ،" ئۇلۇغۋار يۇمشاق دېتال "يېزىپ چىقىش بۇ ياش يىگىتنىڭ نىشانى ۋە غايىسىگە ئايلىنىدۇ. شۇ جەرياندا، Bill Gates دەسلەپكى سودا خاراكتېرلىك سىنىقنى باشلايدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى Altair 8800 كومپيۇتېرى ئۈچۈن بىرىنچى BASIC تىلى تەرجىمە پروگراممىسىنى لايىھەلەپ چىقىدۇ، بۇ بىر خىل ئىشلىتىلىشى ئاددىي بولغان كومپيۇتېر پروگرامما تىلى بولۇپ، كېيىنكى MS-DOS مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئاساسى Microsoft BASIC بولىدۇ. كومپيۇتېر ساھەسىدە بۆسۈش

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

خاراكتېرلىك غەلبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىختىساسلىقلار ناھايىتى كۆپ بولغان Harvard تا Bill Gatesنىڭ ئومۇمىي پەن نەتىجىسى پەقەت ئادەتتىكىدەكلا ھېسابلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىغا چىققاندا، Gates كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان قارارنى چىقىرىدۇ، ئۇ دۇنيا دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئوقۇشتىن چېكىنىدۇ. BASIC تۇرىدىن تاپقان نەشىر ھوقۇقى ھەققىدىن پايدىلىنىپ، Bill Gatesئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىدىكى دوستى Paul Allen بىلەن بىرلىشىپ يېڭى مېكسىكا شتاتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەھەر Albuquerque دا Micro-soft شىركىتىنى قۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، Bill Gatesئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىنى ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان كەسپىگە بېغىشلايدۇ.




[ياشلىق دەۋرىدىكى Bill Gates] [ئىزاھ: بۇ سۈرەت Bill Gates نىڭ قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇتۇلغان چاغدىكى چۈشكەن رەسىمى]

1979 - يىلى، Bill Gates شىركىتىنى Seattle غا كۆچۈرۈپ ئاپىرىدۇ، ھەمدە شىركەت ئىسمىنى "Micro-soft"دىن "Microsoft" قا ئۆزگەرتىدۇ. Microsoft قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل دەل شەخسىي كومپيۇتېر تەتقىقاتى غەلبە قازانغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالىدۇ، Bill Gates سەزگۈرلۈك بىلەن رەقەملىك دەۋرنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇ چاغدا، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېر كاتتىۋېشى IBM نىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي كومپيۇتېرىغا ماس كېلىدىغان، Intel x86 تىپلىق CPU ئاساسىدىكى مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، Microsoftشىركىتى Tim Patterson شىركىتىدىن QDOS مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىپ، نامىنى Microsoft DOS (دىسكا مەشغۇلات سىستېمىسى) غا ئۆزگەرتىدۇ. كېيىن قىسمەن ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا IBM ئارقىلىق 1981 - يىلى بازارغا سالىدۇ. Microsoft كېيىنكى يىللاردا يەنە نۇرغۇنلىغان DOS - MS مەشغۇلات سىستېمىلىرىنى بازارغا سالىدۇ، كېيىن MS-DOS نىڭ تارىخى 90 - يىللاردىكى 6.x نەشىرىگىچە داۋاملىشىدۇ. Microsoft نىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، MS-DOS نىڭ سېتىلىشى شۇ چاغدا ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، Microsoft نىڭ BASIC تىلى تەرجىمە پروگراممىسىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، سانى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان شىركەتلەر BASIC تىلىدا پروگرامما يېزىپ، Microsoft نىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن سىغىشىشقا باشلايدۇ .شۇنىڭ بىلەن، Microsoft نىڭ BASIC تىلى بارا-بارا ئاممۇۋى ئېتراپقا ئىگە بازار ئۆلچىمىگە ئايلىنىدۇ، Microsoft مۇ تەدرىجىي ھالدا پۈتكۈل بازارنى ئىگەللەيدۇ.



[Microsoft نىڭ كاتتىباشلىرى ]

1981 ـ يىلى تارقىتىلغان Microsoft DOS 1.0 نەشرى 4000 قۇر Assembly كودىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 8KB ئىچكى ساقلىغۇچتا ئىجرا بولالايدۇ .ئۇنىڭ گرافىكلىق ئىشلەتكۈچى يۈزى (GUI) بولمىغانلىقتىن، مەشغۇلات قىلماق ناھايىتى تەس بولىدۇ .ئەمما شۇ چاغدىكى Apple شىركىتىنىڭ Macintoshمەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ GUI ى بار بولۇپ، بۇ خىل بىۋاستە ھالدىكى مەشغۇلات ئۇسۇلى ئېنىقكى DOS نىڭ بۇيرۇق قۇرى ئۇسۇلىغا قارىغاندا تېخىمۇ دوستانە بولىدۇ . Microsoft GUI نىڭ كەلگۈسىدە ئومۇملاشقان مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ مۇقەررەر ئېقىمى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ،بىل گېيتس ئۆزىنىڭ GUI پروگراممىسى "Interface Manager" ـ ـ ـ نى تۈزۈشنى باشلايدۇ. بۇ دەل كەلگۈسى 20 يىلدا شەخسىي كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان Windows نىڭ تۆنجى لايىھىسىدۇر.

## 1994 ـ 1985 ـ يىللاردىكى دەسلەپكى قەدەملەر

ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان "Interface Manager" ھەقىقىي Windows ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، تاكى 1983 ـ يىلغا كەلگەندە Microsoft ئاندىن رەسمىي ھالدا Windows نى لايىھەلەشنى باشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، بازار نىشانى بولسا ــــ شەخسىي كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىلىرى ئۈچۈن لايىھەلەنگەن گرافىكلىق يۈزلۈك مەشغۇلات سىستېمىسىMicrosoft Windows 1.x ئىدى. Windows 1.0 نىڭ لايىھەلەش خىزمىتى جەريانىدا 55 نەپەر پروگراممېر بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، ھەمدە 1985 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىنىدۇ، باھاسى بولسا 100 ئامېرىكا دوللىرى. Windows 1.0بولسا MS ـ DOS 2.0ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، 256KB ئىچكى ساقلىغۇچنى قوللايدۇ، 256 رەڭنى كۆرسىتەلەيدۇ. GUI بار بولغانلىقتىن، Windows 1.0 مائۇس مەشغۇلاتى ۋە كۆپ ۋەزىپە پاراللېل ئىجرا بولۇشنى قوللايدۇ، كۆزنەك (window) بولسا Windows تىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىشلەتكۈچى يۈزى

ئېلېمېنتقا ئايلىنىدۇ. Windows 1.0 نىڭ كۆزنىكىنى خالىغانچە چوڭايتىپ-كىچىكلەتكىلى بولىدۇ، ئۇ Appleنىڭ Macintosh بىلەن پەقەت ئەڭ ئۈستۈنكى قىسىمدىكى سىستېما تىزىملىكى بىلەنلا پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ھەربىر Windows قوللىنىش پروگراممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايرىم تىزىملىكى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، Windows 1.0 ھازىرغا قەدەر Windows تا ساقلىنىپ قالغان پروگراممىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن، Calculator، Notepad، Calendar قاتارلىقلار.




Windows 1.0 مەھسۇلات بولىقى




[Windows 1.0 قوزغىلىش ئېكرانى]

Windows 1.0 يېڭى دەۋر ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى ئوموميۈزلۈك ياخشى بولمايدۇ،چۈنكى ئۇنىڭ ئىجرا بولۇش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەڭ ياخشى گرافىكلىق شەخسىي كومپيۇتېر سىۋپىسى GEM بىلەن Desqview/X ئىدى.




[Windows 1.0 خىزمەت يۈزى]

ئىزاھ: Windows 1.0 دىكى Program Manager بولسا Windows Explorer نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئىدى، هازىرغا قەدەر بىز Windows XP نىڭ سىستېما مۇندەرىجىسىدە ئۇنىڭ سايىسىنى تاپالايمىز.

## Windows 2.x

Windows 1.0 نىڭ دەسلەپكى مەغلۇبىيىتى Microsoft نى قەدىمىنى توسۇپ قويمايدۇ، 1987 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، Windows 2.0 ئېلان قىلىندى، باھاسى يەنىلا 100 ئامېرىكا دوللىرى. Windows 2.0 دا Windows 1.0 دىكى بەزى ئىنسان خاراكتېرگە ماس كەلمىگەن يەرلەر تۈزىتىلدى. بىز بىلىدىغان"Maximize" (چوڭايتىش) بىلەن "Minimize" (كىچىكلىتىش) كونۇپكىلىرى ھەممە كۆزنەكنىڭ يۇقىرى قىسمىدا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. Microsoft ئايكوننىڭ لايىھىلىنىشىدە، Mac OSنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئېلېمېنتىنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن بولغاچقا، Apple شىركىتى تەرىپىدىن سوتقا تارتىلىدۇ. ئىشلەتكۈچى يۈزى جەھەتتىكى تۈزىتىشلەردىن باشقا، هازىرقى Office تىكى Microsoft Wordبىلەن Microsoft Excel لەرمۇ دەسلەپكى قەدەمدە Windows 2.0 دە مەيدانغا چىقىدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، Microsoft يەنە ئالدى ـ كەينى بولۇپ Windows/286 2.1 بىلەن Windows/386 2.1لارنى ئېلان قىلىدۇ، بۇ ئىككى نەشر ئايرىم ـ ئايرىم هالدا Intel نىڭ 286 ۋە 386 تىپلىق CPU لىرىغا قارىتا مەلۇم دەرىجىدە ئەلالاشتۇرۇلغان Microsoft Windows 2.1 نى ئېلان قىلىدۇ، 1989 ـ يىلى بۇ نەشر ئىچكى ساقلىغۇچ باشقۇرۇش ۋە پرىنتېر قوزغىتىش جەھەتتە ئازراق تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزىدۇ.




[Windows 2.0 قاچىلاش يۈزى]




[Windows 2.0 قوزغىلىش ئېكرانى]

شۇ چاغدا، Windows نى قوللايدىغان 3 - تەرەپ يۇمشاق دېتاللىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، لېكىن بارغانسېرى كۆپ ساندىكى شىركەتلەر Windows سۇپىسى ئۈچۈن قوللىنىشچان پروگراما يېزىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، Windows 2.0 يەنىلا غەلىبىلىك مەھسۇلات ھېسابلانمايدۇ .




[ Windows 2.0 خىزمەت يۈزى ]




[ Windows XP دا Windows 2.0 دىكى پروگراممىلارنى ئىجرا قىلىش]

ئىزاھ :چەتئەللىك توردىشلارنىڭ سىناق قىلىش نەتىجىسىگە قارىغاندا خېلى كۆپ ساندىكى Windows 2.0دىكى پروگراممىلار Windows XP دە نورمال ئىجرا بولىدىكەن. ئەلۋەتتە، ئالدىنقى شەرت سىز بۇ قەدىمىي پروگراممىلارنى تاپالىسىڭىز بولىدۇ.

## Windows 3.x

Windows 3.xنەشرىدىن باشلاپ، Microsoft نىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسى ھەققىي يوسۇندا ئىزىغا چۈشكەن بولىدۇ، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىكى Microsoft نىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. 1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، Windows 3.0 رەسمىي ئېلان قىلىنىدۇ. ئالدىنقى ئىككى نەشرىنىڭ ناچار ئۈنۈمىنى شۇ چاغدىكى قاتتىق دېتال ئامىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۈچرىغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق پۇتلىكاشاڭچىلىقلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىلا كەلمەسكە كېتىپ، شەخسىي كومپيۇتېر كۆنسېرى كۆچىيىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ كومپيۇتېردىكى Windows نىڭ ئىجرا بولۇشىمۇ سىلىقلىششقا باشلايدۇ. Microsoft مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپWindows قا مەۋھۇم ئۈسكۈنە قوزغاتقۇچىغا بولغان قوللاشنى قوشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن Windowsئالاھىدە ياخشى كېڭەيتىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، تاكى بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ كېلىدۇ. مەۋھۇم تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى قاتتىق دېتالنىڭ سىغىشىشچانلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇمشاق دېتاللارنىڭ سىغىشىشچانلىقىنىمۇ ئاشۇرىدۇ. Windows 3.0 دىن باشلاپ، MS-DOS پروگراممىلىرى ئاخىرى ئايرىم كۆزنەكتە ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەشرىدىكى مەشغۇلات سىستېمىسىدا ئىچكى ساقلىغۇچ باشقۇرۇش بىلەن386، 286 CPU لىرىغا بولغان قوللاش ئىقتىدارى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ھەمدە كۆپلىگەن Windows ئۆلچەملىك دېتاللىرى قوشۇلىدۇ. Windows 3.0 نىڭ غالىبىيىتى ئاساسىدا، 1992 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى Windows 3.1ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك نەشرى بولۇپ، ئاسان غۇلاپ چۈشمەيدۇ. كۆپ ۋاستە تېخنىكىسىنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە بۇ نەشرىدە ئۈن-سىن قويۇشقا بولىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، Windows 3.1دا خالىغانچە چوڭايتىپ-كىچىكلىتىشكە بولىدىغان TrueType خەت شەكلى تېخنىكىسى قوشۇلۇپ، Windows ئەڭ مۇھىم ئۈستەل يۈزى نەشرىيات سۇپىسىغا ئايلىنىدۇ. كېيىن Microsoft ئايرىم-ئايرىم ھالدا1992 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا Windows for Workgroups 3.1 بىلەن Windows for Workgroups 3.11 نى ئېلان قىلىپ، بىر قاتار تور كېلىشىملىرىنى قوشىدۇ.

1992 - يىلى Microsoft نىڭ جۇڭگوغا رەسمىي كىرىشىگە ئەگىشىپ، Windows تەدرىجىي ھالدا مەملىكىتىمىزدە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلايدۇ. 1994 - يىلى ئېلان قىلىنغان Windows 3.2 بولسا مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشلەتكۈچىلەر بىرىنچى بولۇپ ئۇچراشقان Windows مەشغۇلات سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاددىي ئىشلىتىشچانلىقى جۇڭگودىكى كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىلىرىنى ئۆزىگە چوڭقۇر جەلپ قىلىۋالىدۇ. Windows 3.2 بولسا Windows for Workgroups ئاساسىدا نۇرغۇنلىغان ئۆزلەشتۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان، ئەمەلىيەتتە، ئۇ Microsoft نىڭ مەخسۇس جۇڭگو ئۈچۈن لايىھىلىگەن مەھسۇلات بولۇپ، پەقەت خەنزۇتىلى نەشرىلا بار.



[Windows 3.0 قاچىلاش يۈزى]




[Windows 3.0 قوزغىلىش ئېكرانى]



[Windows 3.0 خزمەت يۈزى]

تەكتلەشكە ئەرزىيدىغىنى، Windows 3.1 دىن باشلاپ، Microsoft ھەربىر Windows مەھسۇلاتى ئۈچۈن ئېچىش كودى بېكىتىشقا باشلايدۇ. Windows 3.1 نىڭ ئېچىش كودى “Janus” (قوش يۈزلۈك ئىلاھ)، Windows for Workgroups 3.1 نىڭكى بولسا “Kato” (كارتون ئوبرازى)، Windows for Workgroups 3.11 نىڭ بولسا “Snowball” .




[Windows 3.1 قاچىلاش يۈزى]



[ Windows 3.1قوزغلش يۈزى ]




[Windows 3.1 خزمەت يۈزى]

1990 ـ يىلى، Windows 3.0 ئەمدىلا چىقىشى بىلەنلا بازار تېپىپ كېتىپ، 6 ھەپتە ئىچىدىلا 500مىڭ نۇسخا سېتىلدى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش ھېسابلىنىدۇ. 1992 ـ يىلدىكى Windows 3.1 بولسا، دەسلەپكى تارقىتىلغان 2 ئاي ئىچىدىلا 1 مىليون نۇسخىدىن كۆپرەك سېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، Windows مەشغۇلات سىستېمىسى ئەڭ ئاخىرىدا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئېتراپىقا ئېرىشىپ، مەشغۇلات سىستېمىسى ساھەسىدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى تىكلىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، Microsoft نىڭ تەتقىقات ۋە سېتىش ئىشى ئجابىي رەۋىشكە قاراپ ماڭدى.1992ـ يىلى Bill Gates دۇنيادىكى ئەڭ باي كىشىگە ئايلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى.




[ Windows 3.2 خىزمەت يۈزى]




[ Windows 3.2 نىڭ “About” دىئالوگى Windows NT 3.x ]

Windows NT نىڭ ئېچىش تارىخىنى تەخمىنەن 1988 - يىلدىن تارتىپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، بۇ سىستېما ئەسلىدە Microsoft بىلەن IBM بىرلىشىپ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ( NT OS/2 3.0 OS/2) نەشرى ئىدى. شۇ چاغدا، Microsoft خىزمەت پونكىتى بازىرىغا بۆسۈپ كىرمەكچى بولىدۇ، بىراق Windows نى قوللايدىغان ئۆزگىكى Intel x86 خىزمەت پونكىتىنىڭ CPU ى ئەمەس ئىدى، شۇڭا Microsoft DEC شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ياللاپ مەخسۇس بۇ مەھسۇلاتنى ئاچىدۇ. كېيىن، Windows 3.0 نىڭ غالىبىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، Microsoft قارار چىقىرىپ NT OS/2 نىڭ

پروگراما ئېچىش يۈزىنى OS/2 API دىن Windows API غا ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. بۇ IBM قىلمىش نىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئىككى شىركەت شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدۇ. IBM ئۆزى داۋاملىق ئۆزىنىڭ OS/2 نى ئاچىدۇ، Microsoft بولسا OS/2 NT نىڭ نامىنى Windows NT غا ئۆزگەرتىپ، بازارغا سالىدۇ. بۇ بولسا WindowsNT3.1 .




[ Windows 3.1 قاچىلاش دىسكىسى]




[ Windows 3.1 خىزمەت يۈزى]

ئىزاھ: NT دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسىگە كەلسەك، بەزىلەر بۇنى New Technology (يېڭى تېخنىكا) نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى دەپ قارايدۇ، يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر بۇنى Microsoft تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا ئىشلەتكەن Intel i860 CPU تەقلىدىي ماشىنىسىدىن كەلگەن، چۈنكى Intel i860 CPU نىڭ كودى (N10) "N - Ten" بولۇپ، شۇڭلاشقا مۇشۇ ئىسمىنى ئىشلەتكەن دەپ قارايدۇ.

Windows NT 3.1 مەشغۇلات سۇپىسى 1993 - يىلى ئېلان قىلىندۇ. سىرتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ Windows 3.1 بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەمما، پۈتۈنلەي باشقىدىن يېزىلغان 32 بىتلىق يادروسى ئۇنى شەك - شۈبھىسىزكى ئەڭ ئىلغار يېڭى مەھسۇلات قىلىپ چىقىپ، Windows 3.x قا قارىغاندا زور دەرىجىدە كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇ كەسپىي خىزمەت پونكىتلىرىدىمۇ، Intel ئۆزىكى ئاساسىدىكى PCلاردىمۇ ئىجرا بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، Microsoft سودا ۋە ئائىلە بازارلىرىدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مەھسۇلاتىغا ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ئېچىش كودى "Daytona" بولغان Windows NT 3.5 ئېلان قىلىندۇ. بۇ قېتىم، Microsoft NT مەشغۇلات سىستېمىسىنى خىزمەت پونكىتى نەشرى ۋە مۇلازىمېتىر نەشرى دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. بۇ ئارقىلىق كېيىنكى NT غەيرى سودا خاراكتېرىدىكى نەشرلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ئۇرۇق سالىدۇ. Windows NT 3.5 يېڭى قوزغىلىش سۈرئىتى، Windows for Workgroups 3.x قا ئوخشاش ئىشلەتكۈچى يۈزى، ھەمدە ( OLE ئوبيېكت ئۇلاش ۋە قىستۇرۇش) تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۇرغۇنلىغان يېڭى تېخنىكىلارنىڭ قوشۇلىشى نەتىجىسىدە، Windows NT 3.1 بىلەن 3.5 نەشرى Microsoft نىڭ سودا ئىشلەتكۈچى بازىرىدىكى ئەڭ ياخشى سىنىقىغا ئايلىنىدۇ




[Windows NT 3.5 Logo]




[Windows 3.5 خزمەت يۈزى]

1995 ـ يىلى Microsoft نىڭ ئەڭ مۇھىم يۇرۇلۇش نۇقتىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يىل توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان ئىشلار ھەققەتەن ناھايىتى كۆپ...

داۋامى كېيىنكى ساندا

# كومپيۇتېر ئىشلىتىشتىن تەجرىبىلەر

## يانفون ساقلاش كارتىسىنى فورماتلىغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

تەييارلىغۇچى:نەۋشاد (Omar14)

نۆۋەتتە يانفون ئىقتىدارىنىڭ كۈنسايىن ئېشىشىغا ئەگىشىپ يانفونغا سېلىپ ئىشلىتىدىغان ساقلاش كارتىسى (多媒体卡) نىڭ تۈرلىرىمۇ بېيىلىنىۋاتىدۇ . شۇنىڭغا ئەگىشىپ يانفوندىكى ئۇچۇرلارنىڭ يوقاپ كېتىشى ۋە ياكى ساقلاش كارتىسىنى يانفوننىڭ تونالماسلىقىدەك ئەھۋاللارمۇ ناھايىتى كۆپ يۈز بېرىدۇ .شۇڭلاشقا بىز بۇ ماقالىمىزدە يۇقارقىدەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ھەققىدە توختىلىمىز .

### ▲ يانفون ساقلاش كارتىسىنىڭ ھۆججەت سىستېمىسى ھەققىدە

ئاۋۋال بىز FAT12 بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى ،ئادەتتە بىز ئىشلىتىۋاتقان ۋىندوۋس مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ھۆججەت سىستېمىلىرى FAT16 ياكى FAT32 بولۇپ، FAT12 بولسا ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .FAT12 دېگىنىمىز كىچىك سىغىمدىكى دىئېلېكترىك مۇھىتقا قارىتىلغان بولۇپ FAT12 نىڭ ھۆججەت تەقسىملىنىش جەدۋىلى FAT16 بىلەن FAT32 غا سېلىشتۇرغاندا كىچىكرەك بولىدۇ.بىز XP دا تۈرۈپ دېسكىنىڭ خاسلىقىنى كۆرگىنىمىزدە بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدىغان دىسكا خاسلىقىدا FAT32دەپ كۆرسىتىپ بەرگىنى FAT ھۆججەت سىستېمىسى ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ،دېمەك FAT12, FAT16 دەپ كۆرسىتىپ بەرگىنى FAT ھۆججەت سىستېمىسىدۇر. شۇڭلاشقا FAT12/FAT ھۆججەت سىستېمىسى شەكلىلا يانفون ساقلاش كارتىسىنى فورماتلاشقا ماس كېلىدۇ .FAT32 بولسا كومپيۇتېر قاتتىق دىسكىسى رەقەملىك فوتو ئاپپارات ۋە باشقا تۈردىكى ساقلاش ئۈسكىنىلىرىنى فورماتلاشقا ماس كېلىدۇ .

### ▲ يانفون ساقلاش كارتىسىنى فورماتلاش

يانفون ساقلاش كارتىسىنى فورماتلاشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار ،1.يانفوننىڭ ئۆزىدىلا فورماتلاش 2.كارتا ئوقۇغۇچ ئارقىلىق كومپيۇتېرغا ئۇلاپ كومپيۇتېردا فورماتلاش .

ئەلۋەتتە ئەگەر ساقلاش كارتىسىنى يانفون ئارقىلىق فورماتلىساق ئەڭ ئۆلچەملىك ئۇسۇلدا فورماتلىغان بولىمىز.

بۇخىل ئۇسۇلدا فورماتلىغان كارتىدا سانلىق مەلۇماتنىڭ يوقاپ كېتىشى ، يانفوننىڭ

تونالماسلىقىدەك ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، يانفوننىڭ CPU ۋە ئۇلىنىش ئېغىزىنىڭ سۈرئەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن يانفوندا كارتا فورماتلاش خېلىلا ئاستا. ئۇنىڭ ئۈستىگە توكنى خورىتىش ئادەتتىكىگە قارىغاندا خېلىلا كۆپ بولىدۇ، ئادەتتە 512MB لىق بىر ساقلاش كارتىسىنى يانفوننىڭ فورماتلىشىغا تەخمىنەن 10مىنۇت ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ، شۇڭلاشقا يانفوندا كارتا فورماتلىغاندا يانفون باتارېيىسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

كومپيۇتېردا فورماتلاش : بۇ خىل فورماتلاش شەكلى ئادەتتە فورماتلاش شەكلىنى توغرا تونۇپ فورماتلاش ئېلىپ بارغاندا ھېچقانداق خاتالىق كېلىپ چىقمايدىغان ئەڭ ئومۇملاشقان ئۇسۇلدۇر .

بۇ خىل ئۇسۇلدا كارتا فورماتلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىزدە بىر USB ئېغىزلىق ئۆزىمىزنىڭ كارتىسىغا ماس بولغان كارتا ئوقۇغۇچ بولىشى كېرەك . بازاردىن نەچچە 10 يۈەن پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ .فورماتلىماقچى بولغان كارتىنى كارتا ئوقۇغۇچقا سېلىپ ئاندىن USB ئېغىزىنى كومپيۇتېرغا ئۇلاپ كومپيۇتېر كارتىنى تونۇغاندىن كېيىن شۇ كارتا دىسكا نامىنى تاللاپ تۈرۈپ مائۇسنىڭ ئوڭ

كونۇپكىسىنى چېكىپ چىققان تىزىملىكتىن فورماتلاش 格式化 تۈرىنى تاللىساق بىر يېڭى كۆزنەك

چىقىدۇ. شۇ كۆزنەكتىن ئىككىنچى تۈردىكى يەنى 文件系统 دېگەن تۈردىن FAT نى تاللاپ بېرىپ

开始 كونۇپكىسىنى بېسىپ فورماتلىۋەتسەكلا بولىدۇ .



# تور كارتىسىنىڭ MAC ئادرېسىنى ئۆزگەرتىش

تەييارلىغۇچى:نەۋشاد (Omar14)

ئادەتتە MAC ئادرېس تور كارتىسىنىڭ ئۆزىگىلا مۇقىملىنىۋېتىلگەن بولۇپ بىر تور كارتىسىنىڭ بىرلا MAC ئادرېسى بولىدۇ.سىز ئۆيىڭىزدە ياكى ئىشخانىڭىزدىكى تور سىمىدىن پايدىلىنىپ باشقا بىركومپيۇتېر ئارقىلىق تورغا چىقماقچى بولسىڭىز ،ياكى باشقا ئېھتىياجلار بىلەن شۇنداق قىلماقچى بولغان بولسىڭىز قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ماقالىمىزدە بىز يۇقارقى ئاۋارىچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

ئادەتتە توركارتىسىنىڭ MAC ئادرېسىنى ئۆزگەرتىش ئىككى خىل بولۇپ بىرى قاتتىق دېتال ئارقىلىق ئۆزگەرتىش يەنە بىرى يۇمشاق دېتال ئارقىلىق ئۆزگەرتىش بولىدۇ. بىز بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدىنمۇ ئاسان بولغان سىستېمىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزگەرتىشنى سۆزلەيمىز !

1 ـ قەدەم

ئاۋۋال بۇرۇنقى كومپيۇتېردا تۇرۇپ بۇرۇنقى ماشىنا تور كارتىسىنىڭ MAC ئادرېسىنى كۆرۈپ خاتىرلىۋالىمىز . تور كارتىسىنىڭ MAC ئادېرسىنى كۆرۈش ئۇسۇلى مۇنداق :

ئالدى بىلەن باشلاش تىزىملىكىدىن ئىجرا(运行) كۆزنىكىگە cmd دەپ يېزىپ چىققان DOSتىزىملىكىگە ipconfig/all دىگەن بۇيرۇقنى يېزىپ Enter نى بېسۋەتسىڭىز سىزگە تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .




بۇ رەسىمدىكى بىزگە كېرەكلىك بولغان MAC ئادرېسى رەسىمدىكى قىزىل رامكىغا ئېلىنغان Physical Address دېگەن قۇرنىڭ يېنىدىكى قىممەت شۇ. يەنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كومپيۇتېرنىڭ توركارتىسىنىڭ MAC ئادرېسى: 00ـ69ـ00ـ01ـ03ـ BF بولۇپ بۇنى خاتىرىلىۋالىمىز .

2ـ قەدەم يېڭىدىن ئىشلەتمەكچى بولغان كومپيۇتېرنى قوزغىتىپ تور قوشنامنىڭ (网上邻居) نىڭ خاسلىقىنى ئاچىمىز چىققان كۆزنەكتىن 配置 نى تاللايمىز .




配置 نى باسقاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ.بۇ كۆزنەكتىن تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك تەڭشەش ئېلىپ بارىمىز.



قارا رامكىغا ئېلىنغان قىممەت يېزىش ئورنىغا ئالـدىنقى باسـقۇچتا بىـز خاتىرىلىۋالغـان بـۆرۈنقى كومپيۇتېرنىڭ MAC ئادرېسىنى يازىمىز (ئەسكەرتىش : ئارىلىقتىكى سىزىقچىقنى يازمايمىز يەنى بۆرۈنقى ماشـىنىدا كۆرسـەتكەن MAC ئادرېـسى BF ـ 03 ـ 01 ـ 00 ـ 69 ـ 00 بولـسا بـۆنى **بىز 0069000103BF دەپ يازىمىز)** يېزىپ بولۇپ ساقلىۋەتسەكلا بولىدۇ .

يېڭى كومپيۇتېرىڭىزنىڭ MAC ئادرېسىنى يۇقىرىـدا سـۆزلەنگەن ئۇسـۇل بـويىچە تەكـشۈرۈپ باقسىڭىز ئادرېسىنىڭ بۆرۈنقى ماشىنا بىلەن ئوخشاش بولغانلىقىنى بايقايسىز !

ئەمدى يېڭى ئۇلىغان كومپيۇتېردا تورغا چىقىۋەرسىڭىز بولىدۇ!

# «بىلىش» تىن سوئال ـ جاۋابلار

## «بىلىش» سىستېمىسىدىكى ھەل بولغان نادىر سوئال-جاۋابلار

**سۇئال 1 : دۇنيادىكى تۇنجى كومپيۇتېرنىڭ ئىسمى نىمە؟ (سۇئال سورىغۇچى:tunji)**

**يېقىندىن بۇيان كومپيۇتېرىمنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستىلاپ كەتتى،ۋىرۇس تازىلاش يۇمشاق دېتاللىرىنىمۇ جىق ئىشلىتىپ باقتىم.لىكىن دىگەندەك ئۈنۈمى بولمىدى. كومپيۇتېرىمنىڭ ئىچكى ساقلىغۇچ سىغىمى 128مىگا بايت ئىدى.بۇنىڭمۇ تەسىرى بولارمۇ؟تەپسىلىيرەك جاۋابقا ئېرىشسەم دەيمەن.**

**Uyghur12 نىڭ جاۋابى: ھەممە ئېتىراپ قىلغان تۇنجى كومپيۇتېر 1946 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كيىن ياسالغان. ئۇنىڭ ئىسمى ENIAC . ئۇنىڭ ياسالغان جايى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى مارىلان شتاتى بىدىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە سىناق توپ مەيدانى.**

**Titanic نىڭ جاۋابى: دۇنيا بويىچە 1 ـ كومپيۇتېر 1946 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جون مۇچلى قاتارلىق 200 ئارتۇق ئادەم تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. ئۇ نىڭ توك سەرپىياتى 170 كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئۇ نىڭ ھەجمى ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئورنىنى ئىگەللەيتتى. بىراق ئۇ پەقەت سىكونتىغا 5000 قېتىم قوشۇش ئەمەلىنىلا بىجىرەلەيتتى. كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى تۆۋەندىكى تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.**

1 ـ ئەۋلات كومپيۇتېر
1946 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە بولغان دەۋىر بولۇپ غايەت زور تېپلىق كومپيۇتېر دەۋرى
2 ـ ئەۋلات كومپيۇتېر
1956 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ بۇ دەۋر چوڭ تىپتىكى كومپيۇتېر دەۋرى
3 ـ ئەۋلات كومپيۇتېر
1962 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە بولغان دەۋر بولۇپ بۇ دەۋر ئوتتۇرا تىپتىكى كومپيۇتېر دەۋرى
4 ـ ئەۋلات كومپيۇتېر

1972 ـ يىلدىن ھازىرغىچە بولغان دەۋر بولۇپ ئۇ كىچىك تىپتىكى ۋە مىكرو تىپتىكى كومپيۇتېر دەۋرىدىن ئىبارەت .

نۆۋەتتە 5 ـ ئەۋلات ئەقلىي ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.
قوشۇمچە: تۆلۈقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئۈچۈر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىڭ! سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن

**سۇئال 2: كەڭ بەلباغلىق توردىكى بۇ خاتالىق....(سۇئال سورىغۇچى : qintomur)**

كەڭ بەلباغلىق تورنى ئىشلىتىپ مودېمنى قوزغاتقاندا ، ئوڭ تەرەپ پەستىكى ئۇلىنىش بەلگىسىنى كۆرستىدىغان سىنبەلگىدە بىردانە ئۈندەش بەلگىسى چىقىۋېلىپ مېنى بىزار قىلىدۇ . ئەمما تور ياخشى ئۇلىنىدۇ ، لېكىن ئۇيەردە تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇر چىقىۋالىدۇ .

受极限或无连接 بۇنى قانداق قىلىپ چىقمايدىغان قىلىمەن ؟ لېكىن تور ناھايىتى نورمال . . .

**Muradil نىڭ جاۋابى:** بۇنى تۆۋەندىكىدەك ھەل قىلىمىز:

ئالدى بىلەن 网上另据 نىڭ 属性 نى تاللاپ 本地连接 نىڭمۇ 属性 نى تاللايسىز. ئاندىن ئېچىلغان كۆزنەكنىڭ پەس تەرەپكە قارىسىڭىز 此连接被限制或无连接时通知我 دېگەن خەت بار،شۇ خەتنىڭ ئالدىدىكى توغرا بەلگىسىنى ئېلىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

يەنە بىرخىل ئۇسۇل :

ئالدى بىلەن 网上另据 نىڭ 属性 نى تاللاپ 本地连接 نىڭمۇ 属性 نى تاللايسىز. ئاندىن

ئېچىلغان كۆزنەكنىڭ 此连接使用下列项目 دېگەن يەرگە قارىسىڭىز 协议

(TCP/IP ) Internet دېگەننى قوش چەكسىڭىز يەنە بىر كۆزنەك ئېچىلىدۇ. ئېچىلغان كۆزنەكنىڭ

使用下面的IP地址 دېگەننى تاللاپ كاتەكلەرنى تۆۋەندىكىدەك تولدۇرۇڭ:

IP地址:192.168.1.8

子网掩码:255.255.255.0

默认网关:192.168.1.1

ئاستىدىكى DNS مۇلازىمېتىر ئادرېسىنى تۆۋەندىكىدەك تولدۇرۇسىز:

首选DNS服务器:61.128.99.133

备用DNS服务器:61.134.1.4

مۇشۇ بۇيىچە IP ئادرېسىنى يازسىڭىزمۇ يوقاپ كېتىدۇ ......

# توربىلىملىرى

## Google نىڭ باشقىچە ئىقتىدارلىرىنىمۇ ئىشلىتىپ كۆرۈڭ

تەييارلىغۇچى:نەۋشاد (Omar14)

### 1. بەلگىلەنگەن بېكەتنىڭ تەپسىلى ئۇچۇرىنى سۈرۈشتۈرۈش

ئەگەر سىز مەلۇم بىر تور بېكەتنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرىنى بىلمەكچى بولسىڭىز بۇ جەھەتتە Google سىزگە ياردەم قىلالايدۇ، Google نىڭ ئىزدەش رامكىسىغا [site:www.xxx.com] دەپ يېزىپ ئىزدىسىڭىز شۇ بېكەتنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرلىرىنى سىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 2. Google تور كۇتۇپخانىسى

Google يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە ھەقىقەتەن ئالدىدا تۇرىدۇ، Google تور بېكىتىنىڭ يەنە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تور كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى بار بولۇپ، بۇ يەردىن سىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىكى داڭلىق كۇتۇپخانىدىكى كىتاپلارنى تېپىپ كۆرەلەيسىز. ياقتۇرىدىغان دوسلار IE نىڭ ئادرېس يېزىش ستونىغا http:// scholar.google.com دەپ يازساق كىرىدىغىنىمىز Google نىڭ تور كۇتۇپخانىسىدۇر.

مانا تۆۋەندىكى رەسىم ‹‹قۇتادغۇبىلىك›› (福乐智慧) دەپ يېزىپ ئىزدىگەن قۇتادغۇبىلىككە ئائىت ئىزدەپ تېپىلغان مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلاردۇر.




## 3. ئۇلىنىش قىلغان بەتلەرنى ئىزدەپ تېپىش

تور تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ مەلۇم بىر بېكەتنىڭ نامى چىققانسېرى مۇشۇ بېكەتنى دوستانە ئۇلىنىشقا قوشۇۋالىدىغان  باشقا بېكەتلەرمۇ كۆپىيىدۇ،ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ تور بېتى بولسا تور بېتىمىزنىڭ قايسى بېكەتلەردە ئۇلىنىش بارلىقىنى بىلمەكچى بولساق Google نىڭ ئىزدەش رامكىسىغا [Link:www.xxx.com] دەپ يېزىپ ئىزدىسىڭىز بارلىق ئۇلىنىش ئادېرسى،ۋە ئۇلىنىش سانىنى تەپسىلى كۆرستىپ بېرىدۇ .

## 4. ھۆججەت ئىزدەش ئىقتىدارى

ئالدىمىزدا 1-ئىيۇن باللار بايرىمى كېلەي دېگەندە بىزگە مەلۇم بىر توربەت ئۆچۈن  باللار بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك  FLASH كارتون لازىم بولۇپ قالغاندا قانداق قىلىمىز؟يەنىلا Google غا مۇراجىئەت قىلايلى.Google ئىزدەش بېتىنى ئېچىپ ئاچقۇچلۇق سۆز يازىدىغان ئورۇنغا [儿童节filetype:SWF]

ياكى [filetype:FLV] دەپ يېزىپ ئىزدەش كونۇپكىسىنى بېسۇەتسەك بىزگە بارلىق بارلىلار بايرىمى دېگەن سۆزنى تېما قىلغان  بارلىق SWF ھۆججەتنى تېپىپ بېرىدۇ .

# Walllopھەققىدە چۈشەنچە

## تەييارلىغۇچى:ئۇيغۇر خاككېر

Walllopبولسا Microdoft شىركىتى ئىشلەپ چىققان جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن (ئىجتىمائىلاشقان) بىر خىل (SNS) تور مۇلازىمىتى. Wallop ئارقىلىق بىز دوستلىرىمىز بىلەن ئۆزئارا ئالاقە باغلىيالايمىز؛ مەنبە، سۈرەت، بلوگ، مۇزىكىلاردىن ئورتاق پايدىلىنالايمىز. Wallop نىڭ كۆرۈنمە يۈزى Flash دىن پايدىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، كۆرۈنمە يۈزى سۈزۈك، ئۇسلۇبلىرى ئۆزگىچە. Walllopنىڭ ھۆججەت يوللاش ۋە ئېچىلىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز. پەقەت بىرىنچى قېتىم ئاچقاندا Flash مودۇلىنى چۈشۈرۈشكە ئازراق ۋاقىت كېتىدۇ.

تۆۋەندىكىسى مېنىڭ Wallop بېتىم. http://www.wallop.com/uhack




Wallop بولسا Microsoft يۈمشاق دېتال تەتقىقاتخانىسىنىڭ Social Computing Group (ئىجتىمائىي كومپيۇتېر گورۇپپىسىنىڭ ئېچىش تۈرى) بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ۋاستىلەردىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقىنى،ئىجتىمائىيلاشقان تور مۇھىتىدا قانداق سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى ۋە ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. Wallop نۆۋەتتىكى رېئال دۇنيانىڭ ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

ئەپسۇسلىنارلىقى، سىز Wallop نى خالىغانچە ئىلتىماس قىلالمايسىز. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۇچۇن سىزدە ئالدى بىلەن بىر gmail بولۇشى كېرەك؛ ئاندىن ئالللىقاچان Wallop قا ئېرىشكەن بىرەرسى سىزگە تەكلىپ ئەۋەتسە ئاندىن سىز شۇ تەكلىپ ئارقىلىق بىر Wallop ھېساباتى نومۇرىغا ئېرىشەلەيسىز، ئېرىشكەندىن كېيىن سىرلىق Wallop ئىچىگە كىرىپلا كېتىسىز. لېكىن، بىر Wallop ھېساباتى بار ئادەم پەقەت 7 ئادەمگە تەكلىپ ئەۋەتەلەيدۇ. Wallop پۈتۈنلەي ئېنگلىزچە بولۇپ، ئاگلاشلارغا قارىغاندا باشقا تىللاردا ئېلان قىلىنماپتۇ.

# 百度 ھېسابلىغۇچنى ئىشلىتىش

تەييارلىغۇچى : مەردان

百度 نىڭ ئاساسلىقى دۆلىتىمىزدىكى تور ئابونتلىرىغا قارىتا ئىزدەش مۇلازىمىتىنى تەمىنلەيدىغان ئەڭ چوڭ تور بېكىتى ھەممەيلەنگە ئايان.ئەمما ئۇنىڭ ئىزدەشتىن باشقا يەنە قانداق قوشۇمچە قانداق ئىقتىدارلىرى بارلىقىنى بىلەمسىز؟تۆۋەندە بىز 百度 ئىزدەش ماتورى ئارقىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بېرىش جەريانىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

1.ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بېرىش

百度 ئىزدەش رامكىسىغا ھېسابلىماقچى بولغان ئىپادىنى كىرگۈزۈپ،ئىزدەش كونۇپكىسىنى بېسىپ ياكى ئېنتېر كونۇپكىسىنى بېسىپ داۋاملاشتۇرسىڭىز نەتىجە بېتىنىڭ سول تەرەپ ئۈستى ئىزدەش رامكىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدە بىر ھېسابلىغۇچنىڭ رەسىمى ۋە ھېسابلاش نەتىجىسى كۆرۈنىدۇ.مەسلەن تۆۋەندە بىز تۆۋەندىكى ئىپادىنى ھېسابلاپ كۆرەيلى:

ھېسابلىغۇچ ھەقىقىي سانلار دائىرىسىدىكى ھېسابلاشلارنى قوللايدىغان بولۇپ،ئەمەللەردىن قوشۇش (+)،ئېلىش (-)،كۆپەيتىش (*)،بۆلۈش(/)،دەرىجىگە كۆتۈرۈش (^)،فاكتورىئالنى تېپىش (!) قاتارلىقلارنى قوللايدۇ.ماتېماتىكىلىق فۇنكسىيىلەردىن سىنۇس،كوسىنۇس،تانگېنس،كوتانگېنس،لوگارىفما،رادىئاننى گرادۇسقا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيىلەرنى قوللانغىلى بولىدۇ.ئەلۋەتتە،يۇقارقى ئەمەل ۋە فۇنكسىيىلەرنى ئارىلاش ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.




دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى،كىرگۈزگەن ئىپادىنىڭ شەكلى تەلەپ بويىچە بولمىغاندا خاتالىق كۆرۈلۈشى مۇمكىن.ئىنگلىزچە ھەرپلەر چوڭ-كىچىك يېزىلىشىنى ئايرىمايدۇ.خەنزۇچە يېزىش ھالىتىدە كىرگۈزۈلگەن ھېسابلاش ئەمەللىرى ۋە تىرناقنىمۇ قوللايدۇ.

2.مىقدارلارنى سۇندۇرۇش.

بەيدۇ ھېسابلىغۇچىدىن پايدىلىنىپ پەقەت ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بارغىلى بولۇپلا قالماي،يەنە مىقدارلارنى بىر-بىرىگە ئايلاندۇرالايسىز.ئۇنداقتا بۇ چاغدا قانداق كىرگۈزىمىز؟قېنى 5 كىلوگرامنىڭ قانچە گرام بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرەيلى.بۇنى ھېسابلاش ئۈچۈن ئىزدەش رامكىسىغا تۆۋەندىكىدەك كىرگۈزىمىز.




دېمەك،بەيدۇ ھېسابلىغۇچى بىزنى Windows نىڭ ھېسابلىغۇچىدىكى بىر قەدەر قىيىن ھېسابلىنىدىغان جەريانلارنى بېسىپ يۈرمەستىن،بەلكى ئۆزىمىزنىڭ قەغەزدىكى ھېسابلاش ئادىتىمىزگە ماسلاشتۇرغان ھالدا ھېسابلاش ئېلىپ بېرىش مەقسىدىمىزگە يەتكۈزىدۇ.شۇنداقلا ھېسابلىغۇچ قاچىلانمىغان بەزى كومپيۇتېرلاردىمۇ نورمال ھالەتتە ھېسابلاش ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

# بىخەتەرلىك بىلىملىرى

## ۋىرۇسقا قارشى دېتال قاچىلىمايمۇ 100% ھالدا توردىكى ۋىرۇسلاردىن ساقلىنىش

تەييارلىغۇچى:مايور

سىز مۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ باققانمۇ ؟
مەلۇم توربەتنى زىيارەت قىلدىڭىز ، تۇيۇقسىز ئارقىدىن ئۇلىشىپ يەنە بىرى بىر توربەت ئېچىلدى،كومپيۇتېر شۇزاماتلا قېتىپ قالدى ، سائىتىڭىزگە قاراپ باقسىڭىز 3 سىكونتچە ئۆتتى ، كومپيۇتېرىڭىز ئەسلىگە كەلدى ، ئەمما سۈرئىتى سەل ئاستىلاپ قالغاندەك ، ھوي ؟ نېمە ئىشتۇ ؟ بىر دەمدىلا نامەلۇم بىرمۇنچە پروگراممىلار قوزغىلىپ كېتىپتۇ ! بۇ پروگراممىلارنىڭ ئۆزى كۆرۈنمەيدۇ يۇ ھەجەپ نۇرغۇنلىرى ئىجرا بولۇپ كېتىپتا ؟ دەپ ھەيران قالىسىز . بىر ئازدىن كېيىن يۈزىڭىزگە كاچاتلاپ : ۋۇ بەتبەخلەر، كومپيۇتېرىمغا ۋىرۇس چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ ؟! دەپ قالىسىز ...
1.ئۇنداق بولسا توردىكى ۋىرۇس قانداق قىلىپ كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشۈپ قالىدۇ ؟
2.كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشسىغۇ مەيلى ، خەتىرى يوق ، نېمىشقا ئىجرا بولۇپ كېتىدۇ ؟

## 3.قەتئىي چۈشمەيدىغان ۋە ئىجرا بولمايدىغان قىلغىلى بولامدۇ ؟

ئىشىنىمەنكى بۇ سوئاللارغا نۇرغۇنلىغان دوستلىرىمىز بەكلا قىززىقىدۇ . جاۋابىنى تاپقاندىماڭا رەھمەت دېيىشنى ئۇنتۇماڭ.چۈنكى مەن بىر كۈن كومپيۇتېرىمنى مۇشۇ ھەقتە تەجــرىبە قىلىپ ئاچمىغان تور بەت،ئىجرا قىلمىغان ۋىرۇس قالمىدى،نەتىجىدە 100000000 تىللا بەرسىمۇ سېتىۋالغۇسىز تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇم.قېنــى تۆۋەنــدە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىمدىن تەڭ بەھرلىنەيلى.

==========

1 ـ سوئالغا جاۋاب:

بىرىنچى قاتىل ــــ قوليازما پروگراممىسى (脚本程序) ، يەنى ھەرخىل JS ياكى VB ھۆججەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، مۇشۇ قاتىل تۇپەيلى يامان نىيەتلەر ئەمەلگە ئاشىدۇ . ئۇنداق بولسا JS قاتارلىق قوليازما پروگراممىلىرنـــــــــى پۇتۇنلەي چەكلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ ؟ بۇنى IE نىڭ تەڭشەلمىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى ئوڭاي،ئەمما JS دىن ئايرىلدۇق دېگەن گەپ ئۇنۇمدىن ئايرىلدۇق دېگەن گەپ . ئەگەر بارلىق قوليازما ھۆججەتلىرى چەكلىنىۋېتىلسە ،سىز ھەتتا ئىزدىنىشىڭىزمۇ نورمال كۆرەلمەيسىز ،تېكىست رامكىلىرىغا ئۇيغۇرچە كىرمەيدۇ . توربەت يۈزىدىكى سىيرىلما تىزىملىكلەر ئىشلىمەيدۇ....... ھاھاھا ، كىمنىڭ بۇنداق قىلغۇسى بار ؟ قاتىلنىغۇ تاپتۇق ، ئەمما ئۇجۇقتۇرۇشقا بولمايدىكەن ، ئۇنداق بولسا قاتىللىق قورالىنى تېپىپ ئۇنى يوقاتساق بولمامدۇ ؟ ما گەپ جايىدا بولدى ! گەرچە قوليازما پروگراممىلىرى قاتىل بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ قولىدا قاتىللىق قورالى بولمىسا ھېچقانداق ئىش قىلالمايدۇ ! ئۇلارنىڭ قولىدىكى قاتىللىق قورالى دەل بىزنىڭ سىستېمىمىز تەمىنلەپ بەرگەن "تور ھۆججەتلىرى" دۇر . تور ھۆججەتلىرى بىرخىل يارەمچى ھۆججەتلەر بولۇپ ئىككىنجى پروگراممىغا ئىقتىدار قوشۇش يۈزىسىدىن ئىشلىتىلىدۇ. سىستېمىڭىز تەمىنلىگەن Scripting دېگەن چوڭ تورنىڭ ئىچىدە FilesystemObject دەيدىغان بىر ئوبىيكت بار . ئاساسلىق ھۆججەتلەرنى قۇرۇش ، ئۆچۈرۈش ۋە زىيارەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . دەل مۇشۇ تورنىڭ ھۆججەت قۇرۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ قوليازما پروگراممىلىرى توردىكى ھۆججەتلەرنى يىراق مۇساپىلىق ئوقۇپ 2 لىك سىستېما ھالىتىدە كومپيۇتېرىڭىزغا يېزىۋېتىدۇ . بۇنىڭدىن سىرت ADODB تورنىڭ Stream دېگەن ئوبىيكت مۇھىتى بولۇپ ، بۇنىڭمۇ رولى يۇقىرىقىغا ئوخشاش ، يەنە كېلىپ ئىقتىدارى مۇكەممەل ! خوش ، بۇ ئىككى قاتىللىق قورالىنى بىلگەنسىز ؟..................!

2 ـ سوئالغا جاۋاب :

كومپيۇتېرغا ۋىرۇس ھۆججەتلىرىغۇ چۈشتى دەيلى ، ئەمما ئۇلار ئىجرا بولمىسا قورقۇش ھاجەتسىز ، خۇددى بىھوش ياتقان يىلانغا ئوخشايدۇ ، نېمە قىلمەن دېسىڭىز قىلالايسىز ، ئىجرا قىلدىڭىز دېگەن گەپ يىلاننى ئويغاتتىڭىز دېگەن گەپ . بۇنداق ۋاقىتتا ئويغانغان يىلاپ چاچراپ قوپۇپ سىستېمىڭىز ئەڭ يامان يېرىنى چېقىۋالىدۇ [em56]! ھاھاھا ، شۇڭا ھەرگىز ئۇنى ئويغىتىشقا بولمايدۇ يەنى قوزغىتىشقا بولمايدۇ . توربەت يۈزىدىكى قوليازما پروگراممىلىرىنىڭ ئەڭ ئەسكىلىك قىلىدىغان يېرى دەل مۇشۇ ! ۋىرۇسنى كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشۈرۈپ قويىدى ، بۇنىڭغا بوپتۇ ، ئەمما قانائەت قىلماي ئۇنى ئىجرا قىلىۋېتىدۇ . (ئىجرا قىلدى دېگىنىم ئادەتتىكى پروگراممىلارنى مائۇس يېڭىنسى بىلەن قوش چېكىپ ئىجرا قىلغاندا ئېرىشلگەن نەتىجىگە ئوخشاش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ) . ئەمما قوليازما پروگراممىلىرىنىڭ ئەڭ ئاجىز يېرى خۇددى يۇقىرىقىدەك ئىجرا قىلىش شەكلى پەقەت "تور ھۆججەتلىرى" بىلەنلا چەكلىنىدۇ . ئەگەر بۇ تورلەر بولمىسا قوليازما تىلى نورمال ھەركەت قىلالمايدۇ.

ئادەتتە ShellنىڭApplication تورى ئارقىلىق ھۆججەت ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ .ئۇنىڭدىن سىرت WscriptنىڭShell تورى ئارقىلىقمۇ ھۆججەت ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ.

مۇشۇ ئىككىلا تورنىڭ خالىغان بىرى بىلەن قوليازما پروگراممىلىرى ۋىرۇسنى قوزغىتىش مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ . ... نېمدېگەن بىچارىلىق ھە ! ئويلاپ باقتىڭلارمۇ ؟ مۇشۇ تور بولمىسا

..............................

3.سوئالغا جاۋاب:

100%بولىدۇ . ھەتتا ، ۋىرۇسقا قارشى يۇمشاق دېتاللار بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ . بۇنى كۆزدە تۇتۇپلا ۋىرۇسقا قارشى دېتاللىرىڭىزنى يۇيىۋەتمەڭ ، مەن پەقەت تور ۋىرۇسىنىلا كۆزدە تۇتىۋاتىمەن!

سىزنىڭ قىلىدىغان مەقسىدىمىزنى 100 % ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىمىز 2 ـ خىل يول بار ، خالىغىنى

قىلساق بولىدۇ!

1- خىل ئۇسۇل : توربەتنىڭ پۇتۈن قولىيازما تىلىنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى چەكلىۋېتىسىز

شەك شۈبھىسىزكى ، قولىيازما پروگراممىلىرى بىردەك ئىجرا بولمايدۇ ! ئۇ ۋاقىتتا خۇددا ھەققى ، ئىزدىنىشنىمۇ نورمال كۆرەلمەيسىز ! بۇ ئۇسۇلنىڭ ماز يېرى شۇكى ، ئاياق كىچىك كېلىپ قالسا بارماقنى كېسىۋەتكەنگە ئوخشاش....

2- خىل ئۇسۇل - كەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن " ئالامەت " ماركىلىق ئۇسۇل!

يۇقىرىدا كۆردۇق ، قولىيازما پروگراممىلىرى ، يىغىنچاقلىغاندا:

1. FileSystemObject تۈرى (قىسقارتىلىپFSO دېيىلىدۇ)

2. ADODB.STREAM تۈرى

3. SHELL.Application تۈرى

4. Wscript دىن ئىبارەت 4 خىل تۈر دىن پايدىلىنىپلا ئىپلاسىي مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ ! بىز پەقەت مۇشۇ تۈر ھۆججەتلىرىنى چەكلەپ قويساقلاشەرەپ بىلەن مەقسەدكە يېتەلەيمىز !!! ئادەتتە ۋىندوۋس ئۇلارنى ئىشلەتمەيدۇ . پەقەت ئىشلەتكۈچى ئابونت ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بىلەنلا ئىشلىتىدۇ ... شۇڭا ئۇنىڭ خالىغان ۋاقىتتا چەكلەپ خالىغان ۋاقىتتا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ،يەنە كېلىپ مەشغۇلات جەريانى ناھايىتى ئوڭاي.

ئەمەلدى تۆۋەندىكى كومپيۇتېرغا ۋىرۇس يازىدىغان بىر قانچە توربەتلەرنى قالدۇرىمەن.قىزىققانلار تور بەتنى ئېچىپ ۋىرۇسنىڭ قوزغىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلسۇن. يۇقىرىقى ئۇسۇل قوللىنىلغاندىن كېيىن،قايتا سىناپ ئۈنۈمىنى كۆرۈپبېقسىڭىز.ھە راست ! ۋىرۇس ئۆلتۈرگۈچى بارلىق جانىۋارلىرىڭلارنى ئېتىۋېتىپ سىناڭ،بولمىسا ئۈنۈمىنى بىلەلمەيسىز ~@!

http://www.os8.cn/

http://www.cndiannao.com/

www.xj_silkroad..cn/mail

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ پروگراما ھەۋەسكارلىرى ئىجادىيەت گورۇپپىسى

2007-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى